# پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالام، سەھرالىق مېلىنى ئۆزى ساتماي، شەھەرلىكنىڭ سېتىپ بېرىشىنى، مال ئالمايدىغان تۇرۇپ قەستەن مال باھاسىنى ئۆستۈرۈپ قويۇشنى، بىر ئادەمنىڭ قىلغان سودىسىنى بۇزۇپ، ئۇنىڭغا سېتىش ياكى ئۇنىڭدىن سېتىۋېلىشنى، بىرسىنىڭ توي قىلىشقا پۈتۈشكەنلىكىنى بىلىپ تۇرۇپ، ئۇنىڭغا نىكاھلىنىش ئۈچۈن ئېغىز ئېچىشنى قاتارلىق ئىشلاردىن چەكلىدى

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن بايان قىلىنغان ھەدىستە، پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالام تۆۋەندىكى ئىشلاردىن چەكلىگەن: سەھرالىق مېلىنى ئۆزى ساتماي، شەھەرلىكنىڭ سېتىپ بېرىشىنى، مال ئالمايدىغان تۇرۇپ قەستەن مال باھاسىنى ئۆستۈرۈپ قويۇشى، بىر ئادەمنىڭ قىلغان سودىسىنى بۇزۇپ، ئۇنىڭغا سېتىش ياكى ئۇنىڭدىن سېتىۋېلىشى، بىرسىنىڭ توي قىلىشقا پۈتۈشكەنلىكىنى بىلىپ تۇرۇپ، ئۇنىڭغا نىكاھلىنىش ئۈچۈن ئېغىز ئېچىشى قاتارلىق ئىشلاردىن چەكلىدى. ئايال كىشى نەپەقەدە يەككە بولۇش ئۈچۈن ئىرىدىن ئۇنىڭ يەنە بىر ئايالىنى تالاق قىلىشنى تەلەپ قىلىشى توغرا ئەمەس

[سەھىھ(بەش شەرت تولۇق بولغادا ھەدىس سەھىھ بولىدۇ)] [ھەدىسنى بۇخارى ۋە مۇسلىم بىردەك قوبۇل قىلغان]

ئىسلام شەرىئىتى، مۇسۇلمانلار جەمئىيىتىدىكى ئۆچ-ئاداۋەت ۋە دۈشمەنلىككە سەۋەبچى بولىدىغان ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى يوق قىلىشقا ھېرىسمەندۇر. بۇ تۆۋەندىكى دەلىلدە ناھايىتى روشەن بايان قىلىنىدۇ: مالنى ئالمايدىغان تۇرۇپ ئۇنىڭ باھاسىنى ئۆستۈرۈپ قويۇش ئارقىلىق ساتقۇچىغا پايدا يەتكۈزۈش ياكى مالنى قىممەت قىلىۋېتىش ئارقىلىق سېتىۋالغۇچىغا زىيان سېلىشتىن چەكلىدى، چۈنكى بۇنىڭدا يالغانچىلىق، خېرىدارنى ئالداش، ھىلە-مىكىر قىلىش ئارقىلىق مال باھاسىنى ئۆستۈرۈش قاتارلىق ئىشلار بارلىققا كېلىدۇ. سەھرالىق مېلىنى ئۆزى ساتماي، شەھەرلىك ئارىچىنىڭ سېتىپ بېرىشىنى چەكلىدى. چۈنكى شەھەرلىك مال باھاسىنى تەپسىلى بىلگەچكە باشقا خېرىدارلارغا پەقەت پايدا يەتكۈزمەيدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالام كىشىلەرنى ئۆز ھالىغا قويۇڭلار! ئاللاھ ئۇلارنىڭ بەزىسىنى بەزىسى ئارقىلىق رىزقلاندۇرىدۇ، دەيدۇ. ئەگەر مالنىڭ ئىگىسى ئۆزى ساتسا خېرىدارلارغا بىرئاز پايدا چىققۇدەك كەڭچىلىك بولىدۇ. سەھرالىقنىڭ مېلىنى ئۆزى ساتماي، شەھەرلىكنىڭ سېتىپ بېرىشىنى چەكلەشتە، شەھەردە مۇقىم تۇرۇۋاتقانلار ئۈچۈن بىرئاز قىينچىلىق بولىدۇ. بىر ئادەم توي قىلىشقا پۈتۈشكەن قىزدىن يېنىشقانلىقىنى ئېنىق بىلمىگۈچە قەدەر، نىكاھلىنىش توغرىسىدا ئېغىز ئېچىش ھارامدۇر. چۈنكى بۇنداق قىلىش ئۆچ-ئاداۋەتكە ۋە باشقىلارنىڭ رىزقىنى كېسىشكە سەۋەبچى بولىدۇ. بىر ئايال يولدىشىدىن كۈندىشىنى تالاق قىلىشنى تەلەپ قىلىشى ياكى ئىرىنىڭ ئىككىنچى ئايالى ئۈچۈن ئاچچىقىنى كەلتۈرۈپ، ئۇلارنىڭ ئايرىلىپ كېتىشى ئۈچۈن پىتنە سېلىشى ھارامدۇر. چۈنكى بۇ ئىشلار چوڭ يامانلىقنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. مەسىلەن؛ ئىككىسىنىڭ ئارىلىقىغا ئۆچ-ئاداۋەت سېلىش، ۋە تالاق بولغان ئايالنىڭ رىزقىنى كېسىش، كۈندۈشىنىڭ ئىرى بىلەن نىكاھلىنىشى سەۋەبلىك، ئۇنىڭ يولدىشىدىن ئېلىشقا تېگىشلىك بولغان ئائىلە چىقىمى ۋە كىيىم-كېچەك، ئەر-ئاياللىق ھوقۇقىغا ئالاقىدار بولغان ئىشلاردا يالغۇز بولۇشى ئۈچۈن ئايالنىڭ ئىرىدىن تالىقىنى تەلەپ قىلىشى ھارامدۇر